# 34869 - مەسجىدلى ھەرەمگە كىرىشتە يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار

## سوئال

بەزى ئىھراملىق كىشىلەرنىڭ ھەرەمگە كىرىدىغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەسەر بايان قىلىنمىغان مەلۇم دۇئالارنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرەمگە كىرگەندە مەلۇم بىر ئىشىكتىن كىرىشنى ئادەت قىلىۋالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەرەمگە كىرىش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلارنى مۇنداق ئوچۇقلاشتۇرۇش مۇمكىن:

بىرىنچى: بەزى كىشىلەر، ھەج-ئۆمرە قىلغۇچىلار ھەرەمگە مەلۇم بىر ئىشىكتىن كىرىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. بەزى ئۆمرە قىلغۇچىلار ئۆمرە دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئىشىكتىن كىرىدۇ ۋە بۇنداق قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر: چوقۇم سالام دەرۋازىسىدىن كىرىش كېرەك، باشقا دەرۋازىدىن كىرسە گۇناھكار بولىدۇ، ياخشى ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئەسلى يوق، ھەج-ئۆمرە قىلغۇچىلار ھەرەمگە قايسى ئىشىكتىن كىرسە بولاۋېرىدۇ. مەسچىتكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىپ، باشقا مەسچىتلەرگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئانى ئوقۇيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سالام بىرىپ، مۇنداق دەيدۇ: «**«ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋەتكىن.»**» [مۇسلىم رىۋايىتى713-ھەدىس].

ئىككىنچى: بەزى كىشىلەر ھەرەم مەسچىتىگە كىرىپ كەبىنى كۆرگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەسەر بايان قىلىنمىغان خاس بىر دۇئانى ئالدىراپ ئوقۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، بۇمۇ دىندا ئەسلى بولمىغان بىدئەت ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى قىلمىغان، سۆز-ھەرىكەت ۋە ئېتىقاد بىلەن ئىبادەت قىلىشنىڭ ئۆزى بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئۈچىنچى: ھاجىلار ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئۆز ئېتىقادىدا ھەرەم مەسچىتىگە كىرگەندە، سۈننەت بويىچە مەسچىت ھۆرمىتى ئۈچۈن تاۋاپ قىلىمىز، باشقا مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇيمىز دەپ، بەزى پىقھى ئالىملارنىڭ قارىشىغا تايىنىپ خاتا قاراشتا بولىدۇ، ئىش ئۇنداق ئەمەس، بۇ مەسىلىدە ھەرەم مەسچىتىمۇ باشقا مەسچىتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**سىلەرنىڭ بىرىڭلار**

**مەسچىتكە كەرگەندە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئولتۇرسۇن.»**[بۇخارى رىۋايىتى444-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 714-ھەدىس].

لېكىن ھەرەم مەسچىتىگە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە، ھەج-ئۆمرىنىڭ تاۋاپلىرى بولسۇن ياكى ئادەتتىكى نەپلە تاۋاپلار بولسۇن ئولتۇرمايلا تاۋاپنى باشلىسا، مەسچىت ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ھەرەم مەسچىتىنىڭ ھۆرمىتى تاۋاپ بىلەن بولىدۇ دېگەن سۆزىمىزنىڭ ئوچۇقلىمىسى.

مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن ھەرەم مەسچىتىگە تاۋاپ قىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇش ياكى دەرس ئاڭلاش ياكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن كىرگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ھەرەم مەسچىتىمۇ باشقا مەسچىتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بويىچە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش سۈننەت بولىدۇ”.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھنىڭ